دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئادەمنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەدبىر

□ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى ماخمۇت ئابدۇۋەلى

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ھە دەپ ئارىلىشىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى. بۇنداق ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىدىغان، ئەغۋاگەرچىلىك قىلىپ قارا چاپلايدىغان قىلمىش كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ غەزەپلەنمىگىنى يوق، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مەن شىنجاڭدا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئۇيغۇر زىيالىي، مېنىڭ بىلىم سىستېمام دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا سىستېمىلىق تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇزاق مۇددەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر بىلىم ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ۋىجدانىم، مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىم جەزمەن كۆپچىلىككە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشىمغا تۈرتكە بولىدى.

2019 - يىلى 10 - ئايدا، مەن قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ جەمئىيەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردىم. قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدە، مەن شەمشەقەمەر ئىسىملىك بىر ياش قىزنى ئۇچراتتىم، ئۇ بىر ئائىلىۋى ساياھەت باغچىسىدا تەرجىمانلىق قىلىدىكەن ھەم ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. شەمشەقەمەر ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى، بۇ يىل 23 ياشقا كىردىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگەندىم، بۇ مېنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى ساياھەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشۇمغا قولايلىق ياراتتى؛ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم، بۇ مېنى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىش ئارزۇيۇمغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. مەن تۇرمۇشۇمنىڭ رەڭدارلىققا تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم، تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش مېنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمنى كۈتمەكتە.» بۇ ياش، جانلىق قىزنىڭ سۆزى مېنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى، ئۇنىڭ چېھرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان نۇر كۆز ئالدىمدىكى رەڭگارەڭ قەشقەر قەدىمىي شەھىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گۈزەل كارتىنىغا ئايلاندى.

قەشقەر شەھىرىدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، مەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، مەيداندا ۋاسكېتبول ئويناۋاتقان بىر قانچە ياش ماڭا مۇنداق دېدى: كۆپ قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملاپ، قايتىدىن جەمئىيەتكە قوشۇلدى. ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر تەربىيەلەنگۈچى ماڭا مۇنداق دېدى: «بۇ يەر بىر داشۆگە ئوخشايدۇ، بىز دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن ۋە ماھارەتنى ھەقسىز ئۆگىنەلەيمىز. ھازىر تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولسۇن، ئۆيىنى بېزىتىدىغانلار كۆپەيدى، شۇڭا مەن ئىمارەت بېزەش كەسپىنى ئۆگىنىشنى تاللىدىم، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، چوقۇم تېزلا خىزمەت تاپالايمەن». تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېتىراپ قىلىشى، قوللىشى ھەقىقىي، سەممىي. قىسقا ۋاقىتتا، بەزى ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغانلار، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەر بۇ يەردە ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ئۆزگىرىپ ئىلمىي تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن زامانىۋى دېھقانغا ئايلاندى، ئۆزگىرىپ كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلاندى، ئۇلار مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندى، مانا بۇ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ھەقىقىي نەتىجە - ئۈنۈمى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيەسى پۇرچاقچى يېزىسى باش چەندۈك كەنتىدە، مەن ئابدۇقېيۇم ئىسىملىك بىر تەربىيەنى تاماملىغۇچىنى كۆردۈم، ئۇ ئۆزى قۇرغان كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدا ئالدىراش ئىدى. ئابدۇقېيۇم تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، «گۈزەللىكنى سۆيۈش كىيىم - كېچەك زاۋۇتى» نامىدا كىچىك تىپتىكى كىيىم - كېچەك زاۋۇتى قۇرۇپ، 12 كەنت ئاھالىسىنى ئىشلەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگەندىم، يەنە كىيىم - كېچەك تىكىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدىم. ئىلگىرى مەن يەر تېرىشتىن باشقىنى بىلمەيتتىم، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە مەن ئارزۇيۇمنى تاپتىم، ئىشەنچىمنى تاپتىم. ھازىر زاۋۇتۇمدا 12 كىشى بار، ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەردىن كەلگەن بولۇپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغانلار، ئۇ يەردە ئۇلار كىيىم تىكىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن، بىز تىككەن كىيىملەر ناھايىتى قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى، خوتەن شەھىرى، قەشقەر شەھىرىدىكى نۇرغۇن كىيىم - كېچەك دۇكانلىرى بىزنىڭ مەھسۇلاتىمىزنى زاكاز قىلدى». 12 ئىشچىنىڭ ئارقىسىدا 12 ئائىلە بار، بۇ 12 كىشىنىڭ ئۆزگىرىشى 12 ئائىلىنى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى ھەم بۇ كەنتتە ئۈمىد ئوتىنى ياندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، تامامەن توغرا. ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، مەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تەربىيەنى تاماملىغان بۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئارزۇسىنى ھېس قىلدىم، سوراپ باقاي: دۇنيادا نەدىمۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ئوخشاش ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان «جازا لاگېرى» بار؟

مېنىڭچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، ئۇيغۇر مىللىتى ئىلگىرىكى بېكىنمە ھالەتنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، زامانىۋىلىشىشنىڭ كەڭ يولىغا قەدەم قويدى. بىز بۇ يەردە بىر مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى كۆرەلەيمىز.

يوللۇقلار ئەلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، يولسىزلار مەدەتسىز قالىدۇ. بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى غەرب تەرەپ ئاممىۋى پىكرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا، قارا چاپلىشىغا كۆپ قېتىم ئۇچراپ، غايەت زور بېسىمغا بەرداشلىق بەردى، لېكىن تەلىم - تەربىيە مەركىزى ۋەيران بولمىدى، دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بۇ بىر قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرسەكلا، دۇنياۋى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۈنۈملۈك لايىھە بىلەن تەمىنلىيەلىسەكلا، چوقۇم تېخىمۇ كۆپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە قوللاشقا ئېرىشىمىز. ئامېرىكا تەرەپ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى، قارا چاپلىدى، بۇ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرەلمىگەنلىكى، ئۇلار چىقارغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» بىزگە لازىم ئەمەس، چۈنكى بىزگە مەلۇمكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ «قانۇن لايىھەسى»نى چىقىرىشى دەل ئاغمىخاننىڭ توخۇنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىگىنىدەكلا بىر ئىش — ھەرگىز ياخشى نىيەتتە قىلىنغان ئىش ئەمەس.

# كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ يامان غەرىزىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك

□ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئېزىز مۇسا

دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىمەن بولۇپ، مەردانە قەدەم تاشلاپ نامراتلىق بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار قايتا - قايتا، قەستەن ئەغۋاگەرچىلىك قىلىپ، سۈيىقەست پەيدا قىلىپ، شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، ئۇلارنىڭ رەزىل مەقسىتى باشقا نەرسە بولماستىن، پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى مەقسەتلىك توسۇش، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇقەررەركى ئۆزىگە ئىش تېپىشتۇر!

بىرىنچى، مەنزىرە بۇ تەرەپتە ئۆزگىچە ياخشى، خوتەن ئىناقلىق، گۈللىنىش، تەرەققىيات تېز يولغا كىردى

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، ئەمەلىيەتتە، بۇ بىزنىڭ دەل ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ ياخشى قىلغان تەرەپلىرىمىز، سانسىزلىغان ئەمەلىيەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مىسلىسىز توغرا ئىكەنلىكىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش يۈرۈشلۈك تەدبىرىنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ ھەقىقىي، كونكرېت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى ئايانكى، ئۇلار جۇڭگونىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئىچى يامانلىق قىلىپ، بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ، خالاس.

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۈپ يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. دەل يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ سىجىل مۇقىم بولغان گۈزەل ئەتىگە قاراپ ماڭماقتا.

تارىخ بىزنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم بىر كۈن يوقىتىلمىسا، خوتەندە مەڭگۈ خاتىرجەملىك بولمايدۇ. زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىللە، مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى قۇردى، ئۈچ يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تۈگىتىلىپ، ئائىلىلەر بىر - بىرلەپ قۇتقۇزۇۋېلىندى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات، ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇل تېشى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ناھايىتى زور غەمخورلۇق قىلىش ۋە مىسلىسىز مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بېيجىڭ، تيەنجىن، ئەنخۇي قاتارلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر خوتەنگە جەمئىي 18 مىليارد 135 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئائىلىلەرگە ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن مەبلەغ 29 مىڭ 700 يۈەندىن ئېشىپ، 2 مىليون 530 مىڭ ھەرمىللەت ئاممىسى بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ناھايىتى زور ئاشتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا سىڭىشىش قەدىمى تېزلەشتى. بولۇپمۇ 2019 - يىلى 7 - ئايدا خوتەندە 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا بولغان ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە پەۋقۇلئاددە كۆيۈنۈشىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەركەز، ئاپتونوم رايون خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپىغا جەمئىي 27 مىليارد 680 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى سالدى، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 9624.7 يۈەندىن توغرا كەلدى. خوتەندە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شەھەر - يېزىلارنى ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش نىسبىتىدە تۈز سىزىق بويىچە يۇقىرى ئۆرلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئىرادىلىك ياشلار ئالىي مەكتەپ قوينىغا قەدەم قويدى. 1949 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دوختۇرخانىدا ئاران 70 كارىۋات، تۆت تېببى خادىم بولۇپ، ھازىرغىچە، تۈرلۈك داۋالاش ئاپپاراتى 1728گە، كارىۋات سانى 17 مىڭ 400گە يېتىپ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 11 مىڭ 600 كىشىگە يەتتى. خوتەندە ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 1949 - يىلدىكى 30 ياشقا يەتمەسلىكتىن نۆۋەتتىكى 77 ياشقا ئۆرلىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، نۆۋەتتە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرى ئىچىدە، دۆلەت دەرىجىلىكتىن ئالتە تۈر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن 29 تۈر، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن 105 تۈر بولۇپ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەدەنىيەت ئويۇن قويۇش كوللېكتىپى توققۇزغا، خەلق سەنئەتكارلىرى 2200 كىشىگە يەتتى. بۇ، جۇڭگونىڭ بىر يۈرۈش شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى ۋە تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

خوتەندە، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە تېخىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگىنىگە ئوخشىمايدۇ. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خوتەندە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇش نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىغانلىق.

ئىككىنچى، ئالۋاستى ھامان ئېگىز - پەس دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، قەغەزدىكى «قانۇن لايىھەسى» نېمە قىلالايتتى

ئامېرىكا ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» قارىماققا ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇققا «كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك» ۋە «دىققەت قىلىۋاتقاندەك» كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى ئىنچىكە ئويلىساق، ئەكسىچە ئامېرىكىدىن مۇنداق سوئالنى سورىماي تۇرالمايمىز، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلغىچە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى سادىر قىلىپ، ھەرمىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزگەن، شۇ چاغلاردا ئامېرىكا نەدە قالغان؟ سىلەر ئويلاپ يېتەلمىدىڭلار، شۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى تېخىمۇ ئوتتۇرىغا قويالمىدىڭلار، ئەكسىچە ئاستىرتىن «ئۈچ خىل كۈچ»نى قەبىھ زوراۋانلىق سادىر قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، قوللاپ، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» «شەرقىي تۈركىستان» قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچى ۋە زوراۋان - تېررورچى كۈچلەرگە يانتاياق بولۇپ، كۈچ بېرىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلدىڭلار.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم ياشاپ، ئىناق، خاتىرجەم ئۆتۈپ، تارىختىكى تەرەققىيات ئەڭ ياخشى مەزگىلگە قەدەم قويدى، خوتەننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھالبۇكى، مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئامېرىكا پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇنىڭ رەزىل نىيىتى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان.

ئامېرىكا بۇ «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئۈزۈۋېتىپ تاشلاشنى خام خىيال قىلدى، بىر تەرەققىي قىلغان جۇڭگو، قۇدرەتلىك جۇڭگو، ئىناق جۇڭگونىڭ دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلغان، گۈللەپ ياشنىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، شۇڭا پىسخىكىسى تەڭپۇڭسىز، ئىنتايىن بۇرمىلانغان. ئامېرىكىنىڭ رەزىل غەرىزىدىن ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۇ يەردە ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا شۇنى ئەسكەرتىمەنكى: ئامېرىكا پاكىتنى بۇرمىلاپ، كىشىلىك ھوقۇقتىن قۇسۇر تاپتى، ئۇنىڭ غەرىزى قەستەن زىددىيەت پەيدا قىلىش، مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، كۈرەش قىلىش ئۇلۇغۋار ئىرادىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، خوتەن خەلقى تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىدى

مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، يېتەكچىلىكىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر پارتىيەلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىناقلىقى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا تېخىمۇ گۇۋاھ بولدۇم، مەنپەئەتلەندىم. مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي تەرەققىيات پۇرسىتى ئالدىدا، ئامېرىكىنىڭ ھاكاۋۇر، ئەدەپسىز ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە كەلسە - كەلمەس قول تىقىشى ئالدىدا، مەن بۇ يەردە، خوتەندىكى ھەر مىللەت ئاممىغا شۇنداق مۇراجىئەت قىلىمەنكى:

بىز كۆزىمىزنى يەنىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك، ئۇلار ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. ئۇلار بىزنى قالايمىقان قىلىش، بىزنى ھالاك قىلىش نىيىتىدىن توختاپ قالمىدى.

بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىرادىنى ساقلاپ، سەگەكلىكنى ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز، بولۇپمۇ خوتەندىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋە ياشلار، ئوقۇغۇچىلار دۈشمەننىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىزمۇ چۈشۈپ كەتمەسلىكى، «دوستنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان» ئىشنى تېخىمۇ قىلماسلىقى كېرەك.

بىز ئىشەنچنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەتئىي ياخشى قوغداپ، ئۈزلۈكسىز قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ توپلاپ، خوتەننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.